# ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، قايتا قوراللىنىپ، قايتا سەپەرگە ئاتلىنىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىر قانچە ياشانغان كىشىگە قاراپ، باش شۇجى ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلار قۇربان بولدى، بىز ئۇلارنى ئەستە ساقلىشىمىز كېرەك. ئۇلارنى ئەستە ساقلىشىمىز ئەڭ مۇھىمى ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، ئىنقىلابنىڭ بۇ بايرىقىنى داۋاملىق ئېگىز كۆتۈرۈپ ئالغا قاراپ مېڭىش ئۈچۈن، كەلگۈسىدە بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزمۇ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، جاسارەت بىلەن ‹ئىككى 100 يىل›لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك».

ئۇ كۆپچىلىككە ئالاھىدە تاپىلاپ مۇنداق دېدى: «ھازىر دۆلەت تەرەققىي قىلدى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلاندى، چوقۇم سۇ ئىچكەندە مەنبەنى ئويلىشىمىز، ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز، مەركىزىي سوۋېت رايونىدىكى پۇقرالارنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر جۇڭگو ئىنقىلابى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى، پېشقەدەم يولداشلار ھەمدە قىزىل ئارمىيەنىڭ ئەۋلادلىرى، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئۇلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشى كېرەك».

خەتەر ئىچىدىن ھايات يولنى تېپىشتا نېمىنى ئاساس قىلدۇق؟

ئىنقىلابتا غەلىبە قىلىشتا نېمىگە تاياندۇق؟

داۋاملىق ئىلگىرىلەشتە نېمىگە موھتاج بولىمىز؟

خاتىرە سارىيىدىن چىققاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئەينى يىللىرى ئىنقىلاب ئىنتايىن جاپالىق بولغان، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماسلىق ئېھتىماللىقىمۇ بار ئىدى، لېكىن كىشىلەرنىڭ قەلبىگە غايە ـ ئېتىقاد ئوتى تۇتاشسىلا، مەڭگۈ ئۆچۈپ قالمايدۇ، چوقۇم ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر باسىدۇ، ئەينى چاغدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان تەقدىردىمۇ، كەلگۈسىدە مۇقەررەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ! بۇ غايە ـ ئېتىقاد بىزدە چوقۇم بولۇشى، بۇ ئوتنى تېخىمۇ كۈچلۈك يېلىنجىتىشىمىز كېرەك».

خاتىرە سارىيى سىرتىدىكى مەيدانغا شۇ جايدىكى نۇرغۇن ئامما توپلاشقانىدى، كۆپچىلىك قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىپ، ئۇنلۇك ئاۋازدا تەنتەنە قىلىپ، بەس ـ بەستە باش شۇجىدىن ئەھۋال سورىدى.

شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ ئۇزۇن سەپەر باشلانغان بۇ جايغا كېلىشىمىز قىزىل ئارمىيەنىڭ ئەينى يىللاردىكى سەپەرگە ئاتلىنىش ئەھۋالىنى ھېس قىلىش ئۈچۈن. ھازىر بىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى مۇساپىسىنى ئېچىشقا يۈرۈش قىلىۋاتىمىز، بىز ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، قايتا قوراللىنىپ، قايتا سەپەرگە ئاتلىنىشىمىز كېرەك!»

جاراڭلىق سۆزلەرگە نەق مەيداندىكىلەر تېخىمۇ قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى ۋە تەنتەنە قىلدى.

تەكشۈرۈش سەپىرىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم مۇنۇلارنى تىلغا ئالدى: «بۇ جاي مەركىزىي سوۋېت رايونى، قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغان جاي. مەن بۇ قېتىم جەنۇبىي جياڭشىغا كەلگەندە، ئۇدۇل يۇدۇغا كەلدىم. مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىممۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ھەممىسىگە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇمايدىغانلىقىنى، پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭمۇ ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماسلىقى، ئىنقىلابىي مەقسىتىمىز، ئىنقىلابىي غايىمىزنى ئۇنتۇماسلىقى، ئىنقىلابىي ئەجدادلىرىمىزنى، ئىنقىلابىي قۇربانلىرىمىزنى ئۇنتۇماسلىقى، سوۋېت رايونىمىزدىكى يۇرتداشلارنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن».

تېخى يېقىندىلا، باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، بۇ يىل 6 ـ ئايدىن باشلاپ، پۈتۈن پارتىيەدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈپ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلغانىدى.

5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچقاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەخسۇس باش تېما تەربىيەسى توغرىسىدا تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: قىزىل ئىنقىلاب ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تۈردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. بۇ يىل ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش يىلى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار بۇنى باش تېما تەربىيەسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى قەتئىي تۈزەپ، ھەقىقىي تۈتۈپ ئەمەلىي ئىشلەيدىغان ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كەڭ كادىرلارنى ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ قەد كۆتۈرگۈزۈش ئۇلۇغۋار ئىشىغا تېخىمۇ زور قىزغىنلىق بىلەن ئاتلاندۇرغان قىلىشى كېرەك.

## «پەقەت كومپارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭساقلا، ياخشى كۈنلەر تېخى ئالدىمىزدا»

مەركىزىي قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىش خاتىرە مۇنارىنىڭ يېنىدىكى يۇدۇ دەرياسىدا بىر نەچچە قولۋاقتىن لەيلىمە كۆۋرۈك ياسالغان بولۇپ، بۇ جاي دەل ئەينى يىلى مەركىزىي قىزىل ئارمىيە يولغا چىققان كېچىك ئىدى.

ئەينى يىلى، مەركىزىي قىزىل ئارمىيە يولغا چىققاندا، يۇدۇ دەرياسى 600 نەچچە مېتىر كەڭلىكتە بولۇپ، سۈيى چوڭقۇر، دولقۇنلىرى ئۆركەشلەپ تۇراتتى. يۇدۇ خەلقى لەيلىمە كۆۋرۈك سېلىش ئۈچۈن ئۆز ئۆيىنىڭ ئىشىك قانىتى، كارىۋات تاختىيىنى چۈۋۈغانىدى، بىر بوۋاي يەنە ئۆزىنىڭ گۆرنىسىنىمۇ كۆۋرۈك سېلىش نەق مەيدانغا ئاپىرىپ بەرگەنىدى. بۇ ئىشنى ئاڭلاپ، يولداش جوۋ ئېنلەي ھاياجانلانغان ھالدا: «يۇدۇ خەلقى ھەقىقەتەن ياخشى ئىكەن، سوۋېت رايونىدىكى خەلق بىزگە ھەقىقەتەن يېقىن ئىكەن!» دېگەنىدى.

بۇ بىر خىل قان بىلەن گۆشتەك يۇغۇرۇلغان چوڭقۇر مۇھەببەت.

سوۋېت رايونىدىكى ئامما خالىس تۆھپە قوشۇپ ئىنقىلابقا ياردەم بەردى، قىزىل ئارمىيەنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرى ئېتىقادنى چىڭتىپ قۇربان بېرىشتىن قورقمىدى، جەنۇبىي جياڭشى سوۋېت رايونىدىكى ئارمىيە ۋە خەلق ئىسسىق قېنى ۋە ھاياتى بەدىلىگە مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان قىزىل ئېتىقادنى تاۋلاپ چىقتى.

بۇ خىل چوڭقۇر مۇھەببەت جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ قىزىل گېنىغا ئايلىنىپ، ھازىرغىچە ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىنىپ كەلمەكتە.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم كونا ئىنقىلابىي رايونلارغا، سوۋېت رايونلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈشتە بولۇپ، شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى، بولۇپمۇ قېيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش مەسىلىسىگە باشتىن ـ ئاخىر كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشىمىزدا، كونا ئىنقىلابىي رايونلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشى بولمىسا، بولۇپمۇ كونا ئىنقىلابىي رايونلاردىكى نامرات ئاھالىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشى بولمىسا، ئۇنداقتا مۇكەممەل بولمايدۇ».

مەيلى قانچىلىك شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىششتىن قەتئىينەزەر، كونا ئىنقىلابىي رايونلار، سوۋېت رايونلىرىدىكى خەلقنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ، خەلقنىڭ دۆلەتنىڭ ئۇلى ئىكەنلىكىنى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى ئەڭ چوڭ ئاساس ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ.

بۇ بىر خىل سۇ ئىچكەندە مەنبەنى ئويلايدىغان چوڭقۇر مۇھەببەت.

«كېلەن ناھىيەسىنىڭ جاۋجياۋا كەنتى كەنت بويىچە كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، پۇقرالارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ئەمەلىيلەشتىمۇ ـ يوق؟» «جىنجەي ناھىيەسى قاچان نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلايدۇ؟»

ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم گەپ قىستۇرۇپ، ئوتتۇرا قىسىمدىكى ئۆلكىلەردىكى مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل يولداشلاردىن ئۆزى تەكشۈرۈشتە بولغان نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ـ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى سورىدى، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن كۆڭۈل بۆلگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇ ئالاھىدە مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان ھالقىلىق باسقۇچقا كىردى. بۇ يىل ۋە كېلەر يىل ئىككى يىلدا ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى كۈچەپ ياخشى ھەل قىلىپ، كونا ئىنقىلابىي رايونلاردىكى خەلقنى بالدۇرراق بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشى كېرەك!

يۇدۇ ناھىيەسىنىڭ زىشەن بازىرى تەنتۇ كەنتى جەنۇبىي جياڭشىدىكى 700 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە بىر كىچىك كەنت.

كەنت ئارىسىدىكى چىغىر يولغا دەل ـ دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇراتتى، سۆزۈك ئۆستەڭ سۈيى چاسا ـ چاسا كىچىك كۆلچەكلەرگە قۇيۇلاتتى، ئاپئاق ئاقارتىلغان تامغا سىزىلغان بەخت ـ سائادەت ۋە خۇشاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەلئارا رەڭلىك سىزمىلار كىشىگە تولىمۇ خۇشاللىق بېغىشلايتتى.

5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ يەرگە كېلىپ، كونا ئىنقىلابىي رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى.

سوۋېت رايونى مەزگىلىدە، جەنۇبىي جياڭشىدىكى 1 مىليونغا يېقىن ئوغۇل ـ قىز ئارمىيەگە قاتنىشىپ ئۇرۇش قىلغان، ئۇلار شۇ چاغدىكى يەرلىك نوپۇسنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، پەقەت ئىسمى ۋە فامىلىسى مەلۇم ئىنقىلابىي قۇربانلارلا 100 مىڭ كىشى. كەنت ئاھالىسى سۈن گۈەنفانىڭ دادىسى مۇشۇ 100 مىڭ قەھرىماننىڭ بىرى.

«قۇياش نۇرى كەڭ زېمىندىكى گۈزەل تاغ ـ دەريالارنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ، باھار مەنزىرىسى ھەممە يەرنى قاپلاپ، قۇشلار سايراپ، گۈللەر خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدۇ» دەپ يېزىلغان يېڭىلىيەن ئالدىدا تۇرغان سۈن گۈەنفا باش شۇجىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئوغلى، كېلىنى، ئوغۇل ـ قىز نەۋرىلىرىنى باشلاپ كېلىپ، خۇشال ھالدا باش شۇجىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى.

باش شۇجى دالان ئۆيدىن ئارقا ھويلىغا چىقىپ، ئاشخانا ئۆيدىن ياتاق ئۆيگە كىرىپ، ئاشخاندا گۆرۈچ ـ ياغ بارلىقىنى، تازىلىق ئۆيىنىڭمۇ ناھايىتى پاكىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئارقا ـ ئارقىدىن «ياخشى» دېدى.

شى جىنپىڭ سۈن گۈەنفا ئائىلىسىدىكىلەر ۋە شۇ جايدىكى بازار، كەنت كادىرلىرى بىلەن مېھمانخانا ئۆيدە چۆردەپ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى.

باش شۇجى مۇنداق دېدى: «مەن بۇ قېتىم جياڭشىغا سوۋېت رايونىدىكى يۇرتداشلارنى يوقلاپ، يۇرتداشلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلانغان ـ ياخشىلانمىغانلىقىنى، كونا ئىنقىلابىي رايونلارنىڭ قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىيالايدىغان ـ تاشلىيالمايدىغانلىقىنى كۆرگىلى كەلدىم».

سۈن گۈەنفا باش شۇجىغا مۇنۇلارنى ئېيتىپ بەردى: ئالدىنقى يىللاردا خوتۇنۇم كېسەل بولۇپ قالغانلىق سەۋەبىدىن نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ قالغاندۇق. كەنتنىڭ ياردىمىدە بۇگۈنكى كۈندە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇق، بۇلتۇر ئائىلىمىزنىڭ كىرىمى 70 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا رەھمەت، باش شۇجىغا رەھمەت، ھازىر سوۋېت رايونىدىكى پۇقرالار ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ».

سۈن گۈەنفانىڭ ئوغلى سۈن گوخۇا ئۇلاپلا مۇنداق دېدى: «ئالدىنقى يىللاردا، خوتۇنۇم ئىككىمىز گۇاڭدۇڭدا ئىشلەمچىلىك قىلىپ، ئائىلىدىكىلەرگە قاراپ بولالمىغاندۇق. ھازىر ياخشى بولدى، كەنتتە كىيىم تىكىش زاۋۇتى قۇرۇلدى، خوتۇنۇم ئىشىك ئالدىمىزدىلا ئىشقا ئورۇنلاشتى، ھەم پۇل تاپالايدىغان، ھەم چوڭلار، باللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايدىغان بولدۇق».

كۆپچىلىك ئۇ بىر ئېغىز، بۇ بىر ئېغىزدىن سۆزلەپ، بەس ـ بەستە باش شۇجىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزدى: تەنتۇ كەنتىدە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن جەمئىي 109 نامرات ئائىلە بار ئىدى، مۇشۇ يىللاردا ھەممىسى كۆكتاتچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا قاتناشتى، كەنتتە يەنە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سېخى قۇرۇلدى، بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا سۈن گۈەنفانى ئۆز ئىچىگە ئالغان 95 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

كۆپچىلىكنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، شى جىنپىڭ توختىماي بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار يەنىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، كونا ئىنقىلابىي رايونلارنىڭ ئۆز قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

«بۇ بىر ئەۋلاد چوڭ بولغان ۋاقىت بىزنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرغان ۋاقىتىمىز بولىدۇ.» دېدى باش شۇجى سۈن گۈەنفانىڭ بىر جۈپ ئوغۇل ـ قىز نەۋرىسىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ تۇرۇپ، «پەقەت كومپارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭساقلا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ، ياخشى كۈنلەر تېخى ئالدىمىزدا!»

سۈن گۈەنفانىڭ ئۆيىدىن چىققاندا، يۇرتداشلار كەنت ئېغىزىغا يىغىلغانىدى، ئۇلار باش شۇجى بىلەن بەس ـ بەستە قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، بەزىلەر ھاياجانلانغىنىدىن كۆز يېشى قىلىشتى.

«بەخت كۈرەش قىلىشتىن كېلىدۇ» ـــ كەنت ئېغىزىدىكى قىزىل بايراققا يېزىلغان بىر قانچە چوڭ خەتتە جەنۇبىي جياڭشىلىقلارنىڭ قەلب ساداسى ئىپادىلەنگەنىدى.

جەنۇبىي جياڭشىلىقلار بۈگۈنكى گۈزەل تۇرمۇشنىڭ سانسىزلىغان ئىنقىلابىي ئەجدادلار، قۇربانلارنىڭ قان تۆكۈپ قۇربان بېرىشى ۋە كۆپچىلىكنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىدە تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى بەدىلىگە كەلگەنلىكىنى بىلىدۇ.

جەنۇبىي جياڭشىلىقلار پەقەت تۈنۈگۈنكى ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە شانلىق نەتىجىلەرنى ئۇنتۇپ قالماي، بۈگۈنكى بۇرچ ـ مەسئۇلىيەتكە مۇناسىپ كېلەلىسىلا، ئالدىدىكى ئەتىدىكى ئۇلۇغ ئارزۇغا يۈز كېلەلەيدىغانلىقىنى تېخىمۇ بىلىدۇ.

تەنتۇ كەنتىدىن ئايرىلىپ، ئاپتوموبىل جەنۇبىي جياڭشى زېمىنىدا ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

ئاپتوموبىل دېرىزىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قاتار ـ قاتار سېلىنغان يېڭى ئۆيلەر، يېلان باغرى سوزۇلغان يوللار، ھاياتىي كۈچكە تولغان ئېتىزلار... ئىنتايىن جانلىق سىزىلغان گۈزەل رەسىملەردەك جەنۇبىي جياڭشى سوۋېت رايونىدىكى شەھەر ـ يېزىلارنىڭ قىياپىتىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇراتتى.

جەنۇبىي جياڭشى قاتارلىق مەركىزىي سوۋېت رايونلىرىنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن قوللاشقا مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن بۇيان، چوڭ جەھەتتە ئىستراتېگىيەلىك ئورۇن، كەسىپ تەرەققىياتى، ئۇل ئەسلىھەلەرگىچە، كىچىك جەھەتتە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرالغۇسى، يۇرتداشلارنىڭ ئىچىدىغان سۈيى، باللارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشىغىچە... بۇ زېمىندا يۈزبەرگەن ئۆزگىرىشلەر كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى، شۇنداقلا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ جەنۇبىي جياڭشى سوۋېت رايونىغا بولغان قويۇق غەمخورلۇقىنى نامايان قىلدى.

«2008 ـ يىلى مەن گەنجوۋغا بارغان. ئالدىنقى قېتىم جياڭشىغا كەلگەن ۋاقتىم 2016 ـ يىلى. تۈنۈگۈن گەنجوۋدا كارخانا، يېزا ـ كەنتلەرنى، مەركىزىي قىزىل ئارمىيە يولغا چىققان جاينى كۆردۈم. يول بويى بۇ يەردە زور ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى، كادىرلار، ئاممىنىڭ روھىي ھالىتىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.» ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش تەسراتى ئۈستىدە توختالدى.

ئۇ ئۇلاپلا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئوتتۇرا قىسىم رايونلاردا كونا ئىنقىلابىي رايونلار كۆپ، ئەسلىدىكى مەركىزىي سوۋېت رايونى ۋە خۇنەن ـ خۇبېي ـ جياڭشى، خۇبېي ـ خېنەن ـ ئەنخۇي، تەيخاڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ پارتىيەمىز تارىخىدىكى مۇھىم ئىنقىلابىي تايانچ بازىلار... بىز كونا ئىنقىلابىي رايونلار، بولۇپمۇ مەركىزىي سوۋېت رايونىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا داۋاملىق كۈچەپ تۈرتكە بولۇپ، كونا ئىنقىلابىي رايون خەلقىنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويغۇزۇشىمىز كېرەك.

## «ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ قەد كۆتۈرۈش ۋەزىيىتى كۈچلۈك، ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى پارلاق»

تارىخنى ئەستە چىڭ ساقلاش داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش ئۈچۈن. يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلغاندا، ئاندىن يەنە شانلىق نەتىجە ياراتقىلى بولىدۇ.

جياڭشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا قىسىمدىكى ئالتە ئۆلكە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان بولۇپ، توققۇز ئۆلكىگە تۇتاشقان. خۇاشيا مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بۇ قەدىمىي زېمىندا، يېڭى دەۋرنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنىڭ سەلتەنەتلىك سەھىپىسىنى پۈتۈپ چىقىش ـ چىقالماسلىق ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى مۇساپىسىنى ئېچىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى رايونلارنى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، رايون بوشلۇقى قۇرۇلمىسىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، بايلىق تەقسىملەش ئۈنۈمدارلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا جۇشقۇن ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى.

بولۇپمۇ يېقىنقى بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن خۇنەن ـ خۇبېي، شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكە ۋە بېيجىڭ ـ تيەنجىن ـ خېبېيدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغى رايونىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تۈرتكە بولۇش سۆھبەت يىغىنى، شەرقىي شىمالنى گۈللەندۈرۈشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش سۆھبەت يىغىنى ۋە بېيجىڭ ـ تيەنجىن ـ خېبېينى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇش سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن، چاڭجياڭ دېلتىسى رايونىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى، غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش يېڭى ۋەزىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئالغا سىلجىتتى، رايونلارنى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنىڭ تېخىمۇ تەكشۈك، تېخىمۇ يۇقىرى قاتلاملىق، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك يۆنىلىشكە قاراپ ئىلگىرىلىشىنى ئىنچىكە پىلانلىدى ۋە ئۇنىڭغا پۇختا تۈرتكە بولدى.

بۇ قېتىم، ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇشتىن ئىبارەت مۇھىم، زور تېما باش شۇجىنىڭ تەكشۈرۈش كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى.

ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇش سۆھبەت يىغىنىدا، ئوتتۇرا قىسىمدىكى ئالتە ئۆلكىدىكى مەسئۇل يولداشلار دېيىشۋالغاندەكلا يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىش، يېشىل تەرەققىي قىلىش مۇھىم ئىدىيەسى توغرىسىدا توختالدى، يەنە كېلىپ بۇمۇ دەل باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ قېتىم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدىغان مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى.

گەنجوۋ شەھىرىگە جايلاشقان جياڭشى جىنلى تۇراقلىق ماگنىت يەر ـ تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى سىرەك توپا تۇراقلىق ماگنىتنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانا، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 10 مىڭ تونىغا يېتىدۇ. 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتە، شى جىنپىڭ بېيجىڭدىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ گەنجوۋغا كېلىپ، ئالدى بىلەن بۇ كارخانىدا تەكشۈرۈشتە بولدى.

كارخانىنىڭ كۆرگەزمە زالى، ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا، شى جىنپىڭ كارخانىنىڭ يەر تەتقىقات سېلىنمىسىنى زورايتىش، يەر ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا كۈچەش، ئېكولوگىيەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى.

كارخانا مەسئۇلى باش شۇجىغا مۇنۇلارنى ئېيتىپ بەردى: %60كە يېقىن ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنى ئېلېكتر موتورى خورىتىۋېتىدۇ، ئەمما سىرەك توپا تۇراقلىق ماگنىت ئېلېكتر موتورى ئەنئەنىۋى ئېلېكتر موتورىغا قارىغاندا %25تىن كۆپرەك ئېنېرگىيەنى تېجەيدۇ. ئەگەر پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھاۋا تەڭشىگۈچكە سىرەك توپا تۇراقلىق ماگنىت ئېلېكتر موتورى ئالماشتۇرۇلسا، بىر يىلدا بىر سەنشيا ئېلېكتر ئىستانسىسى چىقىرىدىغان توك مىقدارىنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

سىرەك توپىنى قوللانغاندا ئېنېرگىيە سەرپىياتىنى تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ، بىراق سىرەك توپىنى ئاچقاندا مۇھىت ناھايىتى ئاسانلا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. «ئەڭ ئاساسلىقى ئاسانلا سۇ ـ تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.» كارخانا مەسئۇلى باش شۇجىغا مۇنۇلارنى ئېيتىپ بەردى: 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ، 80 ـ يىللىرىدا، زور مىقداردىكى يەر يۈزى توپىسىنى قېزىشقا توغرا كەلگەچكە، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، تاغ كۆچۈش ھەرىكىتى شەكلىگە ئوخشاش، ئاسانلا سۇ ـ تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ھازىر قوللىنىۋاتقىنىمىز يېڭى بىر ئەۋلاد ئۆز ئورنىدا رودا سۈزۈش ھۈنەر ـ سەنئىتى، پۈتكۈل ئېچىش جەريانىدا تاغ گەۋدىسى قېزىلمايدۇ، تاغلىق يەرلەردىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىنمايدۇ، شۇنداقلا قالدۇق قۇم چىقىرىشمۇ بولمايدۇ، بۇنىڭدا ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا بولغان تەسىرى نىسبەتەن كىچىك بولىدۇ، بايلىقتىن پايدىلىنىش نىسبىتىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ.

باش شۇجى شى جىنپىڭ ئاڭلىغاندىن كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن بېشىنى لىڭشىتتى، شۇنداقلا كارخانىلارغا كونا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بىلەن بىللە، يېڭى مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تاپىلىدى.

ئوتتۇرا قىسىمدىكى ئالتە ئۆلكىنىڭ بەشى ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان رايون، يېزا ئىگىلىك كەسپىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى زور، يېزىلارنىڭ كۆلىمى كەڭ، دېھقانلارنىڭ نوپۇسى كۆپ. «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىش ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇشتىكى ئەڭ چوڭ قىيىن مەسىلە.

5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ يۇدۇ ناھىيەسىگە كېلىپ، ئېتىز باشلىرىغىچە بېرىپ، كۆكتاتچىلىقنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى.

يۇدۇ ناھىيەسى ئۆزگىچە رايون ئەۋزەللىكى ۋە كىلىمات ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، كۆكتاتچىلىقنى يېزا ئىگىلىكىنىڭ بىرىنچى ئورۇندىكى كەسپى قىلىپ، پۈتۈن ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىكىدىكى ئون نەچچە باشلامچى كارخانىنى كىرگۈزۈپ، 50 مودىن ئارتۇق كۆلەملىك كۆكتاتچىلىق بازىسىدىن 71نى، 1000 مولۇق كۆكتات بازىسىدىن ئۈننى قۇرۇپ چىقتى.

يامغۇردىن كېيىنكى جەنۇبىي جياڭشى زېمىنى يېشىللىققا پۈركىنىپ، ھاياتىي كۈچكە تولغانىدى. زىشەن فۇشى كۆكتاتچىلىق كەسىپ باغچە رايونى ئىچىدە، قاتار كەتكەن كۆكتات پارنىكى خۇددى قاتار كەتكەن زامانىۋىلاشقان سېخلارغا ئوخشايتتى، خىلمۇخىل يېڭى كۆكتاتلار تېرىلغان بولۇپ، نەرسە تورىدا نازارەت قىلىپ تىزگىنلەش، سۇ بىلەن ئوغۇتنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش قاتارلىق يۇقىرى تېخنىكىلىق تېرىقچىلىق تېخنىكىسى كىشىگە يېڭىچە تۇيغۇ بېرەتتى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ لاپاسلىق پارنىكقا كىردى، جازىلاردا سېرىق چېچەكلەرگە يېشىل يوپۇرماقلار ياداشقانىدى، ئاغىچى يۇغۇچ مايسىلىرىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالى كىشىنى خۇشال قىلاتتى.

كەسىپ باغچە رايونىنىڭ مەسئۇلى باش شۇجىغا مۇنۇلارنى ئېيتىپ بەردى: كەسىپ باغچە رايونى «باشلامچى كارخانا+ھەمكارلىق كوپېراتىپى+دېھقانلار ئائىلىسى ۋە نامرات ئائىلە» تەرەققىيات ئەندىزىسى ئارقىلىق، شۇ جايدىكى كەنت ئاھالىلىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا يېتەكلىدى. بۇ لاپاسلىق پارنىكنىڭ كۆلىمى 24 مو بولۇپ، ھەر مو يەردىن يىلىغا 15 مىڭ جىڭ ئاغىچيۇغۇچ ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ، ھەر جىڭنى ئالتە ـ يەتتە يۈەندىن ساتقىلى بولىدۇ.

لاپاسلىق پارنىك ئىچىدە بىر نەچچە كەنت ئاھالىسى ئىشلەۋاتاتتى، باش شۇجىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، شۇ ھامان ئولىشىپ كېلىپ بەس ـ بەستە باش شۇجىدىن ئەھۋال سورىدى.

بىر كەنت ئاھالىسى باش شۇجىغا مۇنداق دېدى: بۇ بىر قانچە يىلدا كۆكتاتچىلىق كەسپى تەرەققىي قىلدۇرۇلغاچقا، پۇقرالارنىڭ ھەممىسىنى تومپايدى. ئۇ بارماقلىرىنى ساناپ تۇرۇپ ھېسابات قىلىشقا باشلىدى: «بىرىنچىدىن، بىز يەرنى ئىجارىگە بېرىپ ئوبوروت قىلىپ بىر مو يەردىن 600 يۈەن كىرىم قىلىمىز. ئىككىنچىدىن، مۇشۇ جايدا ئىشلىسەك، ھەر كۈنى ئايال ئىشچىلار 70 يۈەن، ئەر ئىشچىلار 100 يۈەن تاپالايدۇ، بىر ئايدا 20 كۈن ئەتراپىدا ئىشلىسەك، 2000 ـ 1000 يۈەن كىرىم قىلالايمىز. بىر يىلدا 30 ـ 20 مىڭ يۈەن بولىدۇ!»

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)